شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي
22
يەكشەنبە
维吾尔文 12 月22日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24917 - سان بۈگۈن 4 بەت

گۈللەنگەن خاۋجياڭ دەرياسى باھار تۆسگە كىردى

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى جۇڭفا، چېن جېيەنشىڭ، جۇ جىجېي، جاۋ بو

نەنخەي دېڭىزىدا ئۆركەشلەپ دولقۇن، خاۋجياڭ دەرياسى ئىللىتتى باھار.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاۋمېنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

شى جىنپىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاۋ چاۋ، دۇڭ جۈن) مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھازىرقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر تەھلىل قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش چۆرىدىلىپ، 2020 - يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكتە مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش سۈپىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدە چوڭ جەھەتتىن كېلەر يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق كېرەك؛ بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشنى تېزلىتىش كېرەك؛ تارماقلار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى ياخشى قوغداپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرى (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەكشى، مۇقىم تەرەققىيات ياخشى ۋەزىيىتى داۋاملىق ساقلاندى، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلدا تارىختىكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاندى، يېزا ئىسلاھاتى سىجىل چوڭقۇرلاشتى، يېزا جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ساقلاندى. كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل، جەزمەن كېلەر يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، كېلەر يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىشەنچنى چىڭىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ياخشىلىنىشقا يۈزلەنسە، پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئاشقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» تەرەققىياتىدا تەستە قولغا كەلگەن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئومۇمىي گەۋدىسىدە مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلىنىپ، يېزا ئىسلاھاتى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، يېزا - كەنتلەرنى تۈزەش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار تەرەققىياتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكتە، مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش سۈپىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدە چوڭ جەھەتتىن كېلەر يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامرات كىشىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئىجتىمائىي كاپالەت خەلق تۇرمۇشىنىڭ تايانچى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات كىشىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قاتنىشىشىنى تولۇق قاپلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات كىشىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قاتنىشىشىدا كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، 60 ياشتىن ئاشقان نامرات كىشىلەرگە كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتى 100% تارقىتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامرات كىشىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش گۈزەل كەلگۈسى يارىتىش

7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئاسىيا - ياۋروپا كۆرگەزمىسى كېلەر يىلى 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ

يەتتە چوڭ كۆرگەزمە رايونى تەسىس قىلىنىدۇ، سەككىز مەيدان مىنىستىر دەرىجىلىكلەر مۇنبىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئاسىيا - ياۋروپا كۆرگەزمىسىنىڭ تونۇشتۇرۇش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمە 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى خۇڭگۇاڭشەندىكى شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزىدۇ.

7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئاسىيا - ياۋروپا كۆرگەزمىسىنىڭ باش تېمىسى «ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش گۈزەل كەلگۈسى يارىتىش».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، سابىق باش تەپتىش **مەمەت يۈسۈپ**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا - قايتا قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈۋاتقان، خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىدى، قارا چاپلىدى، ئاساسسىز ئەيىبلىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئاشتى

ئالدىنقى 11 ئايدا 208 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى

ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.65% ئاشتى

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ساياھەتچىلەر يىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى قار تېيىلىش مەيدانىدا قار تېيىلماقتا. 2019 — 2020 - يىللىق قار پەسلىدىن بۇيان، بۇ قار تېيىلىش مەيدانى 60 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. ☐مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 208 مىليون 548 مىڭ 400 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.65% ئاشقان؛ 354 مىليارد 572 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.57% ئاشقان. شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىدە سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتى نامايان بولغان.

بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىشنى چۆرىدەپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۆزگىچە ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى ياراتتى.

تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى شىنجاڭغا كېلىشكە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەدەنىيەت - ساياھەت مەسئۇل تارماقلىرى، مەنزىرە رايونلىرى، ساياھەت كەسپى جەمئىيەتلىرى، كارخانىلار، ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە بېرىپ 50 نەچچە قېتىم تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش ماركېتلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر ۋە غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمالدىكى كۆپ ساندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ھەم شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلارنى قاپلىدى. «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسى بارغانسېرى جۇلالىنىپ، سۈپەتلىك ماركا ئېففېكتى ئۈزلۈكسىز گەۋدىلەندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، سودا ئىشلىرى نازارىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى «قايتا قاراپ چىقىش»نى پۇختا قانات يايدۇردى

ھەققىي تۈزىتىش، ئەمەلىي تۈزىتىشنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان نەتىجىلىرى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، سودا ئىشلىرى نازارىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باش تېما تەربىيەسىدىكى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تۈرمۇتۈر ئېنىقلاپ، رەتلەپ، بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، بىر - بىرلەپ قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىپ، ھەققىي تۈزىتىش، ئەمەلىي تۈزىتىشنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان نەتىجىلىرى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى «قايتا قاراپ چىقىش» ۋەزىپە تىزىملىكىنى چۆرىدەپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)